# نەسەبتە هارام قىلىنغان ئىش ئېمىلداشلىقتىمۇ هارام قىلىنىدۇ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: نەسەبتە هارام قىلىنغان ئىش ئېمىلداشلىقتىمۇ هارام قىلىنىدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئايالللاردىن نەسەب جەھەتتىن هارام بولغان؛ ئانا ۋە ئاچا-سىڭىلللارغا ئوخشاشلارنىڭ ئۆز ئەينى، ئېمىتىش سەۋەپلىك هارام بولىدۇ. مەسىلەن: ئېمىتكەن ئانا، ئېمىلداش ئاچا- سىڭىلغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر ھەدىستە: (نەسەب سەۋەپلىك هارام بولغان ئىش، ئېمىلداشلىق سەۋەپلىكمۇ هارام بولىدۇ) دەپ كەلدى. بۇ مەيلى ئايال تەرەپتىن بولسۇن، ياكى ئەر تەرەپتىن بولسۇن. بىر ئىنسانغا ئۇرۇغ-تۇغقانلىق سەۋەبىدىن توي قىلىش هارام بولغانلارنىڭ ھەممىسى، يەنى ئاچا-سىڭىل ۋە ئانا تەرەپتىن ۋە دادا تەرەپتىن بولغان ھاممىلىرىغا ئوخشاشلارنىڭ تۇغقانلىقى ئېمىلداشلىقتىن بولغان بولسا، ئۇلارنى نىكاھىغا ئېلىش هارامدۇر. بۇ يەردىكى هاراملىقنىڭ تۈرى: نىكاھلىنىشنىڭ هاراملىقىدۇر. ئېمىتىلگەن بالا بىلەن ئۇنىڭ ئېنىك ئانىسىنىڭ بالىلىرى ئوتتۇرىسىدا نىكاھلىنىش هارامدۇر. ئۇلارنىڭ ئۇلارغا قاراش، ئۇلار بىلەن ئايرىم تۇرۇش، بىللە سەپەر قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا ئەھكاملاردا ئۇنداق ئەمەس. مەسىلەن: مىراس ئىشلىرىدا، نەپىقە قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىغا ئوخشاش ئىشلاردا ئۆزىنىڭ تۇغقىنىنىڭ ھۆكۈمىدە بولمايدۇ. يەنە بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئېمىتكۈچى ئانىغا قاراشتىكى هاراملىققا كەلسەك، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئەمگۈچىنىڭمۇ تۇغقانلىرى بولىدۇ. ئەمما ئەمگۈچىنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئۆزىنىڭ بالىلىرىدىن باشقىلارنىڭ ئېمىتكۈچى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، ئۇلارغا تۇغقانچىلىق ئالاقىسىدىن ھېچقانداق ھۆكۈم ئىسپاتلانمايدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4311

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee